بسم الله الرحمن الرحيم

# ئىسلام ئاۋازى

## 37- سان

(قوش ھەپتىلىك گېزىت)

# دىنىي ئەھكاملار

## ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە ئەقىدىسى ھەققىدە چۈشەنچە

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

بەشىنچى، رەسۇلۇللاھ ﷺ پەيغەمبەر بولۇشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭغا بەزى ھايۋانلارنىڭ ئەدەپلىك بولۇشى، دەرەخلەرنىڭ بويسۇنۇشى ۋە تاشلارنىڭ سالام قىلىشى.

ئالتىنچى، نامازغا تۇرغاندا ئۆزىنىڭ ئارقىسىدا تۇرغان جامائەتنى خۇددى ئالدىدىكى كىشىلەرنى كۆرگەندەك كۆرەلىشى.

يەتتىنچى، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ يېيىشى ئۈچۈن سۇنۇلغان قوينىڭ قول گۆشىنىڭ: «مەندە زەھەر بار» دەپ رەسۇلۇللاھ ﷺ گە سۆزلىشى.

سەككىزىنچى، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ بەزى غەيب ئىشلاردىن خەۋەر بېرىشى ۋە ئۆزىدىن ئىنتايىن يىراقتا يۈز بەرگەن ئىشلار توغرىسىدا خەۋەر بېرىشى ھەمدە شۇ ئىشلارنىڭ خۇددى رەسۇلۇللاھ ﷺ خەۋەر بەرگەندەك يۈز بېرىشى.

توققۇزىنچى، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ بارلىق دۇئالىرىنىڭ ئىجابەت بولۇشى.

ئونىنچى، رەسۇلۇللاھ ﷺ گە خىيانەت قىلغان ياكى ئۇنىڭغا ھاكاۋۇرلۇق بىلەن قارشىلاشقان كىشىلەردىن الله نىڭ ئىنتىقام ئېلىشى.

ئون بىرىنچى، رەسۇلۇللاھ ﷺ نى ياكى سۆزىنى ۋە ياكى بۇيرۇق-توسۇقلىرىنى ھۆرمەتلىمىگەن كىشىنىڭ الله نىڭ جازاسىغا ئۇچرىشى.

ئون ئىككىنچى، الله تعالى نىڭ رەسۇلۇللاھ ﷺ نى مۇھاپىزەت قىلىشى ۋە دۈشمەنلەرنىڭ رەسۇلۇللاھ ﷺ گە چېقىلالماي توختاپ قېلىشى. بۇ ھەقتە ئەبۇ ھۇرەيرە رضي الله عنه مۇنداق دېگەن: «ئەبۇ جەھىل: <مۇھەممەد سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا يۈزىنى تۇپىغا مىلىسۇنمۇ؟!> دېگەندە، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكىلەر: <ھەئە!> دېيىشتى. ئۇ: <لات ۋە ئۇززا بىلەن قەسەمكى، ئۇنىڭ سەجدە قىلغىنىنى كۆرىدىغان بولسام ئۇنىڭ بويىنىغا دەسسەيمەن ياكى يۈزىنى تۇپىغا مىلەپ خارلايمەن> دېدى. ئاندىن ئۇ ناماز ئوقۇۋاتقان رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قېشىغا يېقىنلاپ كەلگەندى، مۇشرىكلار ئەبۇ جەھىلنىڭ تۇرقىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى

چۈنكى ئەبۇ جەھىل ئىككى قولىنىڭ ئالقىنىنى رەسۇلۇللاھ ﷺ تەرەپكە قارىتىپ كۆتۈرگەن ھالدا گوياكى ئىككى قولى بىلەن ئۆزىنىڭ يۈز تەرىپىنى مۇداپىئە قىلىشۋاتقاندەك ئارقىغا داجىغان ئىدى. ئۇنىڭدىن: <ساڭا نېمە بولدى؟> دەپ سورالغان چاغدا، ئۇ: <مەن بىلەن مۇھەممەدنىڭ ئارىلىقىدا ئاجايىپ بىر ئوت ئورىكى، قورقۇنچلۇق ھالەت ۋە بىر تۈرلۈك قاناتلار پەيدا بولدى> دەپ جاۋاب بەردى. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ ﷺ: <ئەگەر ئۇ ماڭا يېقىنلاشقان بولسا ئىدى، پەرىشتىلەر ئۇنى قاماللاپ، پارچە-پارچە قىلىپ يىرتىپ تاشلىشۋەتكەن بولاتتى> دېدى» (مۇسلىم توپلىغان).

### ئىماننىڭ بەشىنچى رۇكنى: ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرۈش

ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرىدۇ ۋە جەزمى ئىشىنىدۇ. مەخلۇقاتلار ئۆلگەندىن كېيىن الله ئۇلارنى تىرىلدۈرۈپ، قەبرىلىرىدىن تۇرغۇزۇپ، ئەمەللىرىگە يارىشا جازا-مۇكاپات بېرىدىغان كۈن — ئاخىرەت كۈنى دېيىلىدۇ.

ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرۈش دېگىنىمىز — قىيامەت كۈنىگە جەزمى ئېتىقاد قىلىش ۋە ئۇنىڭغا كامىل ئىشىنىش دېگەنلىكتۇر.

كونكرېتراق ئېيتقاندا، ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرۈش دېگىنىمىز — الله تعالى ئۆزىنىڭ كىتابى قۇرئان كەرىمدە ۋە ئەلچىسى سەھىھ ھەدىسلىرىدە خەۋەر بەرگەن ئۆلگەندىن كېيىنكى قەبرە پىتنىسى (يەنى قەبرىدىكى سوئال-سوراق)، قەبرە ئازابى، قەبرە خۇشاللىقى، قىيامەتنىڭ چوڭ-كىچىك ئالامەتلىرى، سۇر چېلىنىش، تىرىلىش، قەبرىدىن چىقىرىلىش، مەھشەرگاھقا توپلىنىش، نامە-ئەمەل دەپتەرلىرىنىڭ تارقىتىلىشى، ھېساب ئېلىنىش، تارازا-مىزان، ھەۋزى كەۋسەر، پىلسىرات كۆۋرۈكى ۋە جەننەت ئەھلىنىڭ جەننەتكە كىرىشى، دوزاخ ئەھلىنىڭ دوزاخقا كىرىشىدىن ئىبارەت جازا-مۇكاپات قاتارلىق خەۋەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش دېگەنلىكتىن ئىبارەت.

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)

# بۇلاقتىن تامچە

الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَوْ تَرَى إِذْ يَتَوَفَّى الَّذِينَ كَفَرُوا الْمَلَائِكَةُ يَضْرِبُونَ وُجُوهَهُمْ وَأَدْبَارَهُمْ وَذُوقُوا عَذَابَ الْحَرِيقِ ۞ ذَلِكَ بِمَا قَدَّمَتْ أَيْدِيكُمْ وَأَنَّ اللَّهَ لَيْسَ بِظَلَّامٍ لِلْعَبِيدِ ۞﴾.

### ئايەتنىڭ تەرجىمىسى

«پەرىشتىلەر (بەدر ئۇرۇشىدا) كاپىرلارنىڭ جانلىرىنى ئېلىۋاتقاندا، ئۇلارنىڭ يۈزلىرىگە ۋە ئارقىلىرىغا ئۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرسەڭ ئىدىڭ (ئەلۋەتتە قورقۇنچلۇق ھالنى كۆرگەن بولاتتىڭ). (پەرىشتىلەر ئۇلارغا:) <دوزاخنىڭ كۆيدۈرگۈچى ئازابىنى تېتىڭلار!> (دەيتتى) [50]. بۇ (ئازاب) سىلەرنىڭ قىلمىش جىنايىتىڭلار تۈپەيلىدىندۇر، الله بەندىلىرىگە زۇلۇم قىلغۇچى ئەمەستۇر [51]» (سۈرە ئەنفال 50-، 51- ئايەتلەر).

### ئايەتنىڭ تەپسىرى

بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى ھەققىدە سەييىد قۇتۇب رحمه الله مۇنداق دەيدۇ: [بۇ ئايەتلەر بەدر جېڭىدىكى مۇشرىكلارنىڭ ھالىتىنى بايان قىلىدۇ. خۇددى الله تعالى تۆۋەندىكى ئايەتتە ئېيتقاندەك، پەرىشتىلەر بۇ جەڭگە ئىشتىراك قىلغانىدى: «(ئى پەرىشتىلەر! قىلىچ بىلەن كاپىرلارنىڭ) گەدەنلىرىگە چېپىڭلار (يەنى باشلىرىنى كېسىڭلار)، ئۇلارنىڭ بارماقلىرىغا (ھەممە ئەزاسىغا) چېپىڭلار [12]. چۈنكى ئۇلار الله قا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە قارشىلىق قىلدى. كىمكى الله قا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە قارشىلىق قىلىدىكەن، الله ئۇنى قاتتىق جازالايدۇ [13]» (سۈرە ئەنفال 12-، 13- ئايەتلەر). مانا بۇ ئايەت — بەدر كۈنىدىكى كاپىرلار بولسۇن ياكى ئۇنىڭدىن باشقا كۈنلەردىكى كاپىرلار بولسۇن، پەرىشتىلەر ئۇلارنىڭ جېنىنى ئالغان ۋاقىتتا يۈز بېرىدىغان دائىملىق بىر ھالەتنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. قۇرئاننىڭ بايان قىلىش ئۇسلۇبى كاپىرلارنىڭ ئېچىنىشلىق ھالىتىنى كۆز ئالدىمىزدا سىزىپ بەرمەكتە. پەرىشتىلەر ئۇلارنىڭ جانلىرىنى خار، شەرمەندە بىر مەنزىرىدە تارتىپ ئالماقتا. بۇ خارلىق ۋە شەرمەندىلىككە ئازاب ۋە ئۆلۈممۇ قوشۇلماقتا. «پەرىشتىلەر (بەدر ئۇرۇشىدا) كاپىرلارنىڭ جانلىرىنى ئېلىۋاتقاندا، ئۇلارنىڭ يۈزلىرىگە ۋە ئارقىلىرىغا ئۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرسەڭ ئىدىڭ (ئەلۋەتتە قورقۇنچلۇق ھالنى كۆرگەن بولاتتىڭ)» ئاندىن كېيىن ئۇسلۇب خەۋەر شەكلىدىن خىتاب شەكلىگە ئۆزگىرىدۇ: «(پەرىشتىلەر ئۇلارغا:) <دوزاخنىڭ كۆيدۈرگۈچى ئازابىنى تېتىڭلار!> (دەيتتى)» بۇ يەردىكى قىسقىغىنا كۆرۈنۈشلەر خۇددى كۆز ئالدىمىزدىكى مەنزىرىدەك نامايەن بولماقتا. گوياكى جەھەننەم ئۆزىنىڭ ئوتى ۋە كۆيدۈرگۈچى يالقۇنلىرى بىلەن بىر خىل مەنزىرە پەيدا قىلماقتا. كاپىرلار مالامەتكە يولۇققان ۋە تەھدىت سېلىنغان ھالدا جەھەننەمگە سەكرىمەكتە. «بۇ (ئازاب) سىلەرنىڭ قىلمىش جىنايىتىڭلار تۈپەيلىدىندۇر» سىلەر پەقەت ئادىل جازاغا ئۇچرايسىلەر، قىلمىشىڭلار تۈپەيلى بۇ

ئازاب سىلەرگە تېگىشلىكتۇر. «الله بەندىلىرىگە زۇلۇم قىلغۇچى ئەمەستۇر»] («في ظلال القرآن»دىن ئېلىندى).

### بۇ ئايەتتىن ئېلىنىدىغان پايدىلار

بىرىنچى، كۇفرى ۋە شېرىكنىڭ بولسا يەر يۈزىدىكى ئەڭ چوڭ ھارام ئىش، ئەڭ چوڭ جىنايەت، ئەڭ چوڭ زىيان ۋە ئەڭ چوڭ پىتنە ئىكەنلىكى.

ئىككىنچى، پەرىشتىلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ پەرزلىكى.

ئۈچىنچى، مۆئمىن گۇرۇھ بىلەن ئۇرۇش قىلغان كاپىرلار ئۆلتۈرۈلگەن چاغدا، پەرىشتىلەر كاپىرلارنىڭ جانلىرىنى ئازابلاپ ۋە قىيناپ تۇرۇپ ئالىدىغانلىقى.

تۆتىنچى، قەبرە ئازابىغا ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ پەرزلىكى. چۈنكى، الله تعالى كاپىرلارنىڭ قەبزى روھ قىلىنغاندىن كېيىن كۆيدۈرگۈچى ئوتنىڭ ئازابىغا دۇچار بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ مۇنداق دېدى: «(پەرىشتىلەر ئۇلارغا:) <دوزاخنىڭ كۆيدۈرگۈچى ئازابىنى تېتىڭلار!> (دەيتتى)».

بەشىنچى، الله نىڭ ھېچبىر كىشىگە زۇلۇم قىلمايدىغانلىقى بەلكى بەندىلەر گۇناھ قىلىش ئارقىلىق ئۆز-ئۆزىگە زۇلۇم قىلىدىغانلىقى.

# ھەدىس ئۈنچىلىرى

عَنْ أَنَسٍ أَنَّ رَسُولَ اللهِ ﷺ أَخَذَ سَيْفًا يَوْمَ أُحُدٍ، فَقَالَ: مَنْ يَأْخُذُ مِنِّي هَذَا؟ فَبَسَطُوا أَيْدِيَهُمْ، كُلُّ إِنْسَانٍ مِنْهُمْ يَقُولُ: أَنَا، أَنَا، قَالَ: فَمَنْ يَأْخُذُهُ بِحَقِّهِ؟ فَأَحْجَمَ الْقَوْمُ، فَقَالَ أَبُو دُجَانَةَ (سِمَاكُ بْنُ خَرَشَةَ): أَنَا آخُذُهُ بِحَقِّهِ، قَالَ: فَأَخَذَهُ، فَفَلَقَ بِهِ هَامَ الْمُشْرِكِينَ (راوه المسلم).

### ھەدىسنىڭ تەرجىمىسى

ئەنەس رضي الله عنه دىن نەقىل قىلىنغان ھەدىستە، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇھۇد كۈنى بىر قىلىچنى قولىغا ئېلىپ: «بۇنى مەندىن كىم ئالىدۇ؟» دەپ سورىدى، شۇنىڭ بىلەن ساھابىلەرنىڭ ھەممىسى قوللىرىنى سوزۇشۇپ: «مەن ئالاي، مەن ئالاي» دېيىشتى. ئاندىن پەيغەمبەر ﷺ: «كىم بۇنى ھەققى بىلەن ئالىدۇ (يەنى، كىم بۇ قىلىچنى ئېلىپ الله نىڭ دۈشمەنلىرىگە قارشى ھەقىقىي رەۋىشتە جىھاد قىلىدۇ)؟» دەپ سورىغانىدى، كىشىلەر توختاپ قېلىشتى. شۇنىڭ بىلەن ئەبۇ دۇجانە (يەنى سىماك ئىبنى خەرەشە): «مانا مەن ئۇنى ھەققى بىلەن ئالىمەن» دېدى-دە، قىلىچنى ئېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن مۇشرىكلارنىڭ باشلىرىنى تېنىدىن جۇدا قىلدى (مۇسلىم توپلىغان).

### ھەدىستىن ئېلىنىدىغان پايدىلار

بىرىنچى، جامائەت ئەزالىرى ئىچىدىن تالانتلىقلارنى قېزىپ چىقىش رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ سۈننىتىدىندۇر ھەمدە ئۇتۇق قازىنىش ئامىللىرىنىڭ بىرىدۇر.

ئىككىنچى، ئەمىر: «پالانى ئىشنى قايسىڭلار ياخشى بېجىرەلەيسىلەر؟» دەپ سورىغاندا، «مەن قىلالايمەن» دېيىشنىڭ ئەمەل تەلەپ قىلىش بولمايدىغانلىقى بەلكى شۇ ئىشنى ياخشى ئورۇنداشقا ئىشەنچىسى بولسىلا، ئۇ ئىشقا ئالدىراشنىڭ ۋە ئۇ ئىشنى «مەن قىلالايمەن» دەپ ئالدىغا چىقىشنىڭ كاتتا ئەجىر بولىدىغانلىقى.

ئۈچىنچى، ئەبۇ دۇجانە رضي الله عنه نىڭ باتۇرلۇقى، الله يولىدا ئۆزىنى قۇربان قىلىش روھى ۋە جىھاد ھەققىدە سەمىمىي ۋە ئەستايىدىل ئىكەنلىكى.

تۆتىنچى، ساھابىلەرنىڭ قىلىچنى ئېلىشتىن توختاپ قالغانلىقى بولسا قورققانلىقىدىن ئەمەس بەلكى رەسۇلۇللاھ ﷺ قويغان «ھەقىقىي رەۋىشتە جىھاد قىلىش» دېگەن شەرتنى تولۇق ئورۇنلىيالماسلىقلىرىدىن ئەنسىرىگەنلىكىدىندۇر. ساھابىلەرنىڭ دەسلەپتە قىلىچقا قول سوزغانلىقى بولسا بۇنداق ئېغىر شەرت قويۇلمىغانلىقتىن «كۈچىمىزنىڭ يېتىشىچە جىھاد قىلساق بولىدى» دەپ قارىغانلىقىدىندۇر («نزهة المتقين»دىن ئېلىندى).

بەشىنچى، مەسئۇللارنىڭ جەڭگە كىرىشتىن بۇرۇن مۇجاھىدلارنى دۈشمەنگە قاتتىق زەربە بېرىشكە قىزىقتۇرۇشى ۋە بۇ ھەقتە نۇتۇق سۆزلىشى — رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ سۈننەتلىرىدىن ئىكەنلىكى.

ئالتىنچى، شەرت-شارائىتى پىشىپ يېتىلگەن ئىبادەتلەرگە ئالدىراشنىڭ مۇھىملىقى.

يەتتىنچى، كىمكى الله يولىدىكى بىر ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان بولسا، شۇ ۋەزىپىنى ھەقىقىي رەۋىشتە ۋە سەمىمىيەت بىلەن ئورۇنلاشنىڭ ۋاجىبلىقى.

سەككىزىنچى، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئۆز ئۈممىتىگە گۈزەل بىر رەۋىشتە كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقى چۈنكى رەسۇلۇللاھ ﷺ قىلىچنى كىشىلەرنىڭ ئىچىدىكى مەلۇم بىرىگە خاس قىلمىدى بەلكى بۇنى كىشىلەرنىڭ ئومۇمىي ئاۋازىغا قويىدى شۇڭا جامائەت ئەزالىرىغا مەسئۇل بولۇپ قالغان كىشى بىرەر بىر ئەزاغا يان باسماسلىقى ۋە باشقىلارنىڭ نەزىرىدە «پالانىغا يان باستى» دېگەن گۇمانىنى قوزغايدىغان مۇئامىلىنى قىلماسلىقى لازىم چۈنكى بۇ — جامائەتنى پارچىلاشقا ۋە جامائەت ئەزالىرى ئارىسىدا پىتنە قوزغاشقا سەۋەب بولىدۇ.



ئىسلام ئاۋازى
37- سان ھىجرىيە:1439/02/21 مىلادىيە:2017/11/10




■ 10- ئاينىڭ 27- كۈنى مۇرتەد ئارمىيە ئەسكەرلىرى بىلەن تاجاۋۇزچى ئامېرىكا ئەسكەرلىرى ئافغانىستاننىڭ لوگار ۋىلايىتى بەيغاما رايونىدىكى مۇجاھىدلارنىڭ نۇقتىلىرىغا قارىتا ئىلگىرىلەشكە ئۇرۇنغان بولسىمۇ، الله نىڭ ياردىمى، ئۇنىڭدىن قالسا مۇجاھىدلارنىڭ سابىت قەدەم تۇرۇشى بىلەن بۇ شەيتان قوشۇنلىرى مەقسىتىگە ئېرىشەلمەي خار ھالەتتە ئارقىغا چېكىنگەن. بۇ جەڭدە مۇجاھىدلار تاغۇت قوشۇنلىرىنىڭ بىر دانە تىك ئۇچار ئايروپىلانىنى ئېتىپ چۈشۈرۈپ، تىك ئۇچار ئايروپىلان ئىچىدىكى مەسئۇللارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 43 نەپەر ئەسكەرنى جەھەننەمگە ئۇزاتقان.

■ 10- ئاينىڭ 28- كۈنى ئەششاباب تەشكىلاتى مۇجاھىدلىرى سومالىنىڭ پايتەختى مۇقدىشۇدىكى كاپىرلار ئورۇنلاشقان بىر مېھمانخانىغا قارىتا ھۇجۇم ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان. بۇ ھۇجۇم ئاۋۋال پىدائىيلىق ئەمەلىيىتى بىلەن باشلانغان بولۇپ، پىدائىيلىق ئەمەلىيىتىدىن كېيىن 2 نەپەر ھۇجۇمچى قېرىندىشىمىز مېھمانخانا ئىچىگە باستۇرۇپ كىرىپ قاتتىق ئېتىشىپ بۇ مېھمانخانىنى ئۆز كونتروللۇقىغا ئالغان. مۇرتەد ئارمىيىنىڭ ياردەمچى قوشۇنى ياردەمگە كەلگەن ۋاقىتتا ئىككىنچى پىدائىي قېرىندىشىمىز بۇلارغا قارشى پىدائىيلىق ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان. نەتىجىدە جەمئىي 13 سائەتتىن ئارتۇق داۋاملاشقان بۇ ھۇجۇمدا ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى، ئەسكىرىي گېنېرال، ئىستىخبارات ئەمەلدارلىرى، ساقچى قاتارلىقلار بولۇپ جەمئىي 70 نەپەر مۇرتەد ئۆلگەن.

■ ئەسەد ئارمىيىسى سۇرىيىنىڭ دەمەشق ۋىلايىتى جەبەل شەيخ رايونىنى ئىگىلەش ئۈچۈن ھۇجۇم قىلىشۋاتقىلى 50 كۈن بولدى. بۇ 50 كۈن ئىچىدە ئەسەد ئارمىيىسى 10 قېتىم ھۇجۇم ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان بولۇپ، تىك ئۇچار ئايروپىلاندىن 800 قېتىم ۋارىل بومبىسى تاشلىغان؛ 5 مىڭ قېتىم توپ قورال ھۇجۇمى ۋە 6 قېتىم ھاۋا ھۇجۇمى ئېلىپ بارغان. مۇشۇ 50 كۈن ئىچىدە مۇجاھىدلار ئەسەد ئەسكەرلىرىدىن مەسئۇللىرى بىلەن قوشۇلۇپ 220 دەك ئەسكەرنى ئۆلتۈرگەن، 100 دىن ئارتۇقىنى يارىلاندۇرغان؛ 5 دانە تانكا، 1 دانە شالاكا، 1 دانە زۇكىيەك ۋە 1 دانە دوشكىنى ۋەيران قىلغان.

■ 10- ئاينىڭ 30- كۈنى يەمەننىڭ ئەبيان ۋىلايىتىنىڭ مەففەت رايونىدا بىر مۇجاھىد قېرىندىشىمىز تاجاۋۇزچى بىرلەشمە ئارمىيىگە قارىتا پىدائىيلىق ئەمەلىيىتى ئېلىپ بېرىپ، نۇرغۇن ئەسكەرلەرنى ئۆلتۈرگەن ۋە يارىلاندۇرغان.

■ 10- ئاينىڭ 30- ئاينىڭ ئەششاباب تەشكىلاتى مۇجاھىدلىرى سومالىنىڭ راستى يېزىسىدىن تاجاۋۇزچى ئۇگاندا ئارمىيىسىنى قوغلاپ چىقىرىپ، بۇ يېزىنى مۇكەممەل فەتھ قىلغان.

■ 10- ئاينىڭ 30- كۈنى يەمەن ئەلقائىدە مۇجاھىدلىرى يەمەننىڭ ئىب ۋىلايىتىنىڭ مەرىس رايونىدا ھۇسى شىئەلىرىنىڭ ماشىنىسىغا قارىتا ئېغىر تىپتىكى قوراللار بىلەن ھۇجۇم ئەمەلىيىتى ئېلىپ بېرىپ، 9 نەپەر شىئە ئەسكىرىنى جەھەننەمگە ئۇزاتقان.

■ 11- ئاينىڭ 1- كۈنى ئەششاباب تەشكىلاتى مۇجاھىدلىرى سومالىنىڭ شىبېيلى سەفلا ۋىلايىتىنىڭ قىريولى شەھىرىدە تاجاۋۇزچى ئۇگاندا ئارمىيىسىنىڭ بىر ئەسكىرىي بازىسىغا قارىتا ھۇجۇم ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە تاجاۋۇزچى ئۇگاندا ئارمىيىسىدىن 8 نەپەر ئەسكەرنى جەھەننەمگە ئۇزاتقان.

■ 11- ئاينىڭ 2- كۈنى بەششار ئەسەد ئەسكەرلىرى سۇرىيىنىڭ غەربىي غۇتا رايونىدىكى مۇجاھىدلارنىڭ نۇقتىلىرىغا قارىتا 2 قېتىم ئىلگىرىلەشكە ئۇرۇنغان بولسىمۇ، الله نىڭ نۇسرەت بېرىشى بىلەن بۇ كاپىرلار خار ھالەتتە ئارقىغا چېكىنگەن، نەتىجىدە 10 نەچچە نەپەر ئەسەد ئەسكىرى ئۆلگەن ۋە يارىلانغان.

■ ئالدىنقى ھەپتە مۇجاھىدلار يېڭىدىن فەتھ قىلغان سۇرىيىنىڭ ھاما ۋىلايىتىدىكى ئەبۇ دالى، مەشرىفە يېزىلىرىغا ئەسەد قوشۇنلىرى بىر قانچە قېتىم كەينى-كەينىدىن ھۇجۇم قىلغان. الله نىڭ ياردىمى، ئۇنىڭدىن قالسا مۇجاھىدلارنىڭ سابىت قەدەم تۇرۇپ جەڭ قىلىشى نەتىجىسىدە قېرىنداشلار تاغۇت قوشۇنلىرىنى چېكىندۈرۈپ بەلىل يېزىسى، ئۇم تەرىكىيە ۋە ئۇم خەزىمدىن ئىبارەت 3 نۇقتىنى يېڭىدىن فەتھ قىلغان ھەمدە 20 دىن ئارتۇق ئەسەد ئەسكىرىنى ئۆلتۈرۈپ، كۆپلىرىنى يارىلاندۇرغان ۋە 1 دانە تانكىسىنى غەنىيمەت ئالغان.

■ 11- ئاينىڭ 4- كۈنى تاجاۋۇزچى ئامېرىكا ئارمىيىسى بىلەن مۇرتەد ئارمىيە ئالاھىدە قىسىم ئەسكەرلىرى ئافغانىستاننىڭ لوگار ۋىلايىتى ئاخان بابا يېزىسىغا ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن كەلگەندە مۇجاھىدلارنىڭ پىستىرمىسىغا ئۇچراپ، 1 نەپەر گۇرۇپپا باشلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 5 نەپەر ئامېرىكا ئەسكىرى ۋە 9 نەپەر مۇرتەد ئارمىيە ئالاھىدە قىسىم ئەسكىرى ئۆلگەن.

■ 10- ئاي ئىچىدە مۇرتەد ئارمىيە ئىچىدىكى 297 نەپەر ساقچى ۋە ئەسكەرلەر ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرىغا تەسلىم بولغان.

■ 11- ئاينىڭ 6- كۈنى مالى مۇجاھىدلىرى مالىنىڭ مۇپتى ۋىلايىتى كونا شەھىرىنىڭ ئەتراپىدا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مالىغا ئەۋەتكەن ئەسكەرلەرنىڭ ماشىنا ئەترىتىگە قارىتا پىستىرما ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە 3 دانە ئەسكىرىي ماشىنا ۋەيران بولغان ۋە 7 نەپەر ئەسكەر ئۆلگەن ۋە يارىلانغان.

■ 11- ئاينىڭ 7- كۈنى ئەششاباب تەشكىلاتى مۇجاھىدلىرى كېنىيىنىڭ شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان ماندىرا رايونىدا كېنىيە ساقچىلىرىنىڭ ماشىنا ئەترىتىگە قارىتا پىستىرما ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە 2 دانە ئەسكىرىي ماشىنىنى ۋەيران قىلىپ، 15 نەپەر كېنىيە ساقچىسىنى ئۆلتۈرگەن ھەمدە ئۇلارنىڭ قورال-ياراغلىرىنى غەنىيمەت ئېلىپ ساق-سالامەت چېكىنگەن.

■ 11- ئاينىڭ 7- كۈنى بەششار ئەسەد ئارمىيىسى سۇرىيىنىڭ دەمەشق ۋىلايىتى غەربىي غۇتا رايونىدىكى تەللە بەردايە دېگەن جايغا ئىلگىرىلىگەن. الله نىڭ نۇسرەت بېرىشى بىلەن ئەسەد ئەسكەرلىرى خار ھالەتتە ئارقىغا چېكىنگەن ۋە مۇجاھىد قېرىنداشلىرىمىز ئەسەد ئارمىيىسىنىڭ 10 نەچچە نەپەر ئەسكىرىنى ئۆلتۈرگەن ۋە كۆپلىرىنى يارىلاندۇرغان.

■ 11- ئاينىڭ 7- كۈنى ھەيئەتۇ تەھرىر شام مۇجاھىدلىرى ھامانىڭ شەرقىي قىسمىدىكى ئەبۇ لەفە نۇقتىسىدا ئەسەد ئارمىيىسىنىڭ بىر دانە ئوق توشۇغۇچى ماشىنىسىنى كونكرىس قورالى بىلەن ئېتىپ ۋەيران قىلغان.

■ 11- ئاينىڭ 8- كۈنى مۇجاھىدلار فەتھ قىلغان ھاما ۋىلايىتىنىڭ بەلىل يېزىسىنى ئەسەد قوشۇنلىرى ئېلىۋالغاندىن كېيىن مۇجاھىدلار قايتا ھۇجۇم قىلىپ 1 نەپەر ئەسكىرىي مەسئۇلنى ۋە بىر قانچە نەپەر ئەسكەرنى ئۆلتۈرۈپ، بۇ يېزىنى قايتىدىن ئۆز كونتروللۇقىغا ئالغان. شۇ كۈنى ئەسەد قوشۇنلىرى تەللە ئۇم خەزىم رايونىغا يەنە ئىلگىرىلىگەن، الله نىڭ نۇسرەت بېرىشى بىلەن مۇجاھىدلار ئەسەد قوشۇنلىرىنى ئارقىغا چېكىندۈرگەن.

## ئەرەب تىلى ئۆگىنىمەن

| سۆزلۈكلەر | | جۈملىلەر | |
|---|---|---|---|
| ضَيِّقٌ | تار | هَذَا الطَّرِيقُ ضَيِّقٌ | بۇ يول بەك تار |
| قَرِيْبٌ | يېقىن | بَيْتُنَا قَرِيْبٌ إِلَى الْمَدْرَسَةِ | بىزنىڭ ئۆيى مەدرىسكە يېقىن |
| بَعِيْدٌ | يىراق | بَيْتُهُ بَعِيدٌ مِنَ السُّوقِ | ئۇنىڭ ئۆيى بازارغا يىراق |
| مَفْتُوحٌ | ئوچۇق | بَابُ الدُّكَّانِ مَفْتُوحٌ | دۇكاننىڭ ئىشىكى ئوچۇق |
| مُغْلَقٌ | تاقاق | بَابُ الْفُصُولِ مُغْلَقٌ | سىنىپلارنىڭ ئىشىكى تاقاق |
| زُقَاقٌ | كوچا | قَدْ مَا بَقِيَ الْيَوْمَ أَحَدٌ فِي هَذَا الزُّقَاقِ | بۈگۈن بۇ كوچىدا ئادەم قالماپتۇ |
| دُكَّانٌ | دۇكان | يُبَاعُ هَذَا الدُّكَّانُ | بۇ دۇكان سېتىلىدۇ |
| صُفَّةٌ | سۇپا | صُفَّتُنَا قَصِيرٌ | بىزنىڭ سۇپا پاكار |
| حَدِيْقَةٌ | باغچا | هُوَ يَقْرَأُ الْكِتَابَ فِي الْحَدِيقَةِ | ئۇ باغچىدا كىتاب ئوقۇۋاتىدۇ |
| مُدَوَّرٌ | يۇملاق | سَقْفُ هَذَا الْمَسْجِدِ مُدَوَّرٌ | بۇ مەسجىدنىڭ ئۆگزىسى يۇملاق |
| مُرَبَّعٌ | تۆت چاسا | مَلْعَبُ مَدْرَسَتِنَا مُرَبَّعٌ | بىزنىڭ مەدرىسىنىڭ مەيدانى تۆت چاسا |
| مُسْتَطِيْلٌ | ئۇزۇنچاق | صُفَّةُ الْمَسْجِدِ مُسْتَطِيْلٌ | مەسجىدنىڭ سۇپىسى ئۇزۇنچاق |

# ئائىلىدىكى رېتسېپلار

### تۇخۇم ئېقى

بۇ — قىرغاۋۇل ئائىلىسىدىكى ھايۋانات ئۆي توخۇسىنىڭ تۇخۇمىنىڭ ئېقىدىن ئىبارەت. گەرچە تۇخۇم ئېقىنىڭ ئاقسىلى ئاز بولسىمۇ لېكىن ئۇزۇقلۇق جەھەتتىن ئەلا سۈپەتلىك ھېسابلىنىدۇ چۈنكى تەركىبىدە سالامەتلىك ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئامىنو كىسلاتاسى بار.

تۇخۇم ئېقى بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق بولۇپ، ئۇ ئىششىق ياندۇرۇش، ئاغرىق پەسەيتىش، ئۆپكىگە نەملىك يەتكۈزۈش، كېكىردەك خىزمىتىنى راۋانلاشتۇرۇش، قىزىتما قايتۇرۇش، تېرىنى ئوزۇقلاندۇرۇش، چاچ ئۆستۈرۈش، زەھەر قايتۇرۇش قاتارلىق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە.

ئۇ سوغۇقچان كىشىلەرگە زىيان قىلىدۇ.

ئۇنىڭ تۈزەتكۈچىسى تۇخۇم سېرىقى ۋە زەپەردۇر. ئۇنى ئىشلىتىش ئۇسۇلى تۆۋەندىكىچە:

بىرىنچى، تۇخۇمنىڭ ئېقىدىن خام ھالەتتە كۈندە ئىككى دانىنى ئەتىگەن ۋە كەچتە ئىچىپ بەرسە گال ئاغرىقى ۋە يۆتەلگە مەنپەئەت قىلىدۇ (إن شاء الله).

ئىككىنچى، تۇخۇمنىڭ ئېقىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ يەرلىك (يەنى، ئاغرىغان) ئورۇنغا چېپىپ بەرسە بەزگەك ھەم كۆيۈك يارىسىغا مەنپەئەت قىلىدۇ (إن شاء الله).

ئۈچىنچى، تۇخۇمنىڭ ئېقىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ داكىنى نەمدەپ سۇنۇق بار ئورۇننى تېڭىپ بەرسە، سۇنۇققا مەنپەئەت قىلىدۇ (إن شاء الله).

### ئەسكەرتىش

قېرىنداشلىرىمىزنىڭ گېزىت، رادىئو ۋە ژۇرناللىرىمىزنى ماقالە، شېئىر، سەرگۈزەشتە، تارىخ، ئەسكىرىي تەلىم، جەڭ مەيدانىدىكى ئاجايىباتلار، تىببىي مەلۇماتلار... قاتارلىق ھەرخىل ژانىردىكى ئەسەرلەر بىلەن تەمىنلىشىنى سەمىمىي ئىلتىماس قىلىمىز.

بۇ گېزىتنى تارقىتىشقا ياردەملەشكەن، كۈچ چىقارغان ۋە قوللاپ-قۇۋۋەتلىگەن بارلىق قېرىنداشلىرىمىزغا الله تعالى نىڭ مەغپىرىتى، رەھمىتى ۋە بەرىكىتى بولسۇن! سالىھ دۇئالىرىڭلاردا مۇجاھىد قېرىنداشلىرىڭلارنى ئۇنۇتمىغايسىلەر!

والسلام عليكم ورحمة الله وبركاته

# سەبىيلەر سەھىپىسى



تۆۋەندىكى تېپىشماقنى قېنى كىم تېز ۋە توغرا تاپالايدۇ؟

1. بىر نەرسە بار، ئوڭدىن قارىسىمۇ لامپۇچكىغا، سولدىن قارىسىمۇ لامپۇچكىغا ئوخشايدۇ لېكىن يانمايدۇ، ئۇ نېمە؟
2. سائەت قانداق ۋاقىتتا ماڭمايدۇ؟
3. ئۆزى بىر، كۆزى بىر، ئۇ نېمە؟

ئالدىنقى ساندىكى تېپىشماقلارنىڭ جاۋابى:

1. سائەت.
2. «م» ھەرپى.
3. 10 مىنۇت كېتىدۇ.



# يۇلتۇزلار چىمىرلايدۇ

## زەئەمر غازىتى

بۇ — رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇھۇد ئۇرۇشىدىن ئىلگىرى قوماندانلىق قىلغان ھەربىي يۈرۈش بولۇپ، بۇ ھەرىكەت ھىجرىيە 3- يىلى مۇھەررەم ئېيى (يەنى مىلادىيە 624- يىلى 6- ئاي)دا يۈز بەرگەن. چۈنكى مەدىنە ئىستىخباراتى بەنى سەئلەبە ۋە بەنى مۇھارىب قەبىلىلىرىدىن تەشكىللەنگەن بىر زور قوشۇنىنىڭ مەدىنىنىڭ ئەتراپىغا ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن توپلانغانلىق خەۋىرىنى رەسۇلۇللاھ ﷺ گە يەتكۈزگەن. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇسۇلمانلارنى ئۇرۇشقا چاقىرىق قىلىپ، مەدىنىگە ئوسمان رضي الله عنه نى ئورۇنباسار قىلىپ تەيىنلەپ قويۇپ، ئۇلاغلىق ۋە پىيادە بولۇپ 450 نەپەر مۇجاھىد بىلەن ئۇلارغا قارشى ئاتلاندى. مۇجاھىدلار يولدا كېتىۋېتىپ بەنى سەئلەبە قەبىلىسىدىن جۇبار ئىسىملىك بىر كىشىنى تۇتۇۋېلىپ رەسۇلۇللاھ ﷺنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كىردى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىۋىدى، ئۇ مۇسۇلمان بولدى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنى بىلال رضي الله عنه غا قوشۇپ قويدى ھەمدە ئۇ مۇسۇلمانلار قوشۇنىنى دۈشمەن زېمىنىغا باشلاپ ماڭىدىغان يول باشلىغۇچى بولۇپ قالدى.

تاغ چوققىسىغا چىقىۋالغان دۈشمەنلەر مەدىنە ئارمىيىسىنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ تەرەپ-تەرەپكە چېچىلىپ كېتىشتى. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ ﷺ قوشۇنىنى شۇ مۇشرىكلارنىڭ توپلاشقان ئورنىغا ئېلىپ باردى. بۇ ئورۇن زەئەمر دېگەن ئىسىم بىلەن ئاتالغان قۇدۇق بولۇپ، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئەئرابىلارغا (يەنى سەھرالىق ئەرەبلەرگە) مۇسۇلمانلارنىڭ كۈچىنى كۆرسىتىپ قويۇش ۋە ئۇلارغا قورقۇنچ سېلىش مەقسىتىدە ھىجرىيەنىڭ 3- يىلى سەپەر ئېيىدا بۇ يەردە تولۇق بىر ئاي ياكى بىر ئايغا يېقىنراق تۇرۇپ، ئاندىن مەدىنىگە قايتىپ كەتتى.

### يۇقىرىقى ۋەقەلىكتىن چىقىدىغان پايدىلار

بىرىنچى، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ جەڭگە بىۋاستە قوماندانلىق قىلىشى — قوشۇنىنىڭ مەنىۋىيىتىنىڭ كۆتۈرۈلۈشىگە ۋە مۇجاھىدلار بىلەن قوماندان ئوتتۇرىسىدىكى ئىشەنچ رىشتىسىنىڭ تېخىمۇ كۈچىيىشىگە سەۋەب بولىدىغانلىقى.

ئىككىنچى، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مۇجاھىدلارغا قوماندان بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىستىخبارات خىزمىتىگە، بولۇپمۇ ھەربىي ئىستىخبارات خىزمىتىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەنلىكى.

ئۈچىنچى، يېڭى بىر ئىسلامىي دۆلەت بارلىققا كەلسە، ئەتراپىتىكى كۆپلىگەن كاپىر دۆلەتلەرنىڭ شۇ ئىسلامىي دۆلەتنى يوقىتىۋەتمىگۈچە ھەرگىزمۇ رازى بولمايدىغانلىقى.

تۆتىنچى، كاپىر دۆلەتلەر ئۆزئارا ئەھزاب بولۇپ ئىسلامىي جەمئىيەتكە ئۇرۇش باشلىمىغۇچە، بىرلا ۋاقىتتا كۆپ دۆلەت دۈشمەنلىرىگە ئۇرۇش ئېچىشنىڭ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ يولىدىن ئەمەسلىكى.

بەشىنچى، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئوسمان رضي الله عنه نى ئورۇنباسار قىلىپ قويغانلىقى — ئوسمان رضي الله عنه نى سۆكىدىغان ۋە ئۇنى ئۆچ كۆرىدىغان كىشىلەرگە رەددىيە شۇنداقلا ئوسمان رضي الله عنه نىڭ پەزىلىتىگە دەلىلدۇر.

ئالتىنچى، جەڭگە كېتىۋاتقان جەرياندا قارشى تەرەپتىكى كاپىر قوشۇنىنىڭ بىرەر ئەزاسى يولۇقۇپ قالغاندا ئۇنى تۇتۇۋېلىشنىڭ جايىزلىقى، ھەتتا بەزىدە ۋاجىب بولىدىغانلىقى.

يەتتىنچى، سىياسەتۋاز بىلەن دەۋەتچىنىڭ پەرقى بولسا، مۇجاھىد — ئۇ بىر دەۋەتچى بولۇپ، ئۆزىنىڭ شەخسىيىتى ئۇتۇق قازانمىسىمۇ دەۋىتى ئۇتۇق قازانسىلا قانائەت قىلىدۇ ئەمما سىياسەتۋاز بولسا دەۋىتى نوپۇزغا ئېرىشكەن تەقدىردىمۇ ئۆزىنىڭ شەخسىيىتى (يەنى ئوبرازى) نوپۇزغا ئېرىشمىسە قانائەت قىلمايدۇ. رەسۇلۇللاھ ﷺ دۈشمەن قوشۇنىدىن كەلگەن جۇبارنى ئۆلتۈرۈۋەتمەستىن ئىسلامغا دەۋەت قىلغان.

سەككىزىنچى، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ يېڭى مۇسۇلمان بولغان جۇبار رضي الله عنه نى بىلال رضي الله عنه غا قوشۇپ قويۇشىدىن — ئەسىرگە چۈشكەندىن كېيىن مۇسۇلمان بولغان كىشىگە، كۇپايە قىلغۇدەك ساندىكى مۇجاھىدنى كۈزەتچى قىلىپ قويۇشنىڭ مۇھىملىقى چىقىدۇ.

توققۇزىنچى، كاپىر ئەسىرگە چۈشكەندىن كېيىن مۇسۇلمان بولسا، ئۇنىڭ ئۆلتۈرۈلمەيدىغانلىقى.

ئونىنچى، رەسۇلۇللاھ ﷺنىڭ ئۇنى بىلال رضي الله عنه غا قوشۇپ قويۇشى — يېڭى مۇسۇلمان ۋە مۇجاھىدنىڭ كونا مۇجاھىد ۋە مۇھاجىرلاردىن شەرئىي دەرس ۋە تەجرىبە جەھەتتە كۆپرەك پايدىلىنىشى كېرەكلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

ئون بىرىنچى، ئۇستاز ياكى قوماندان يېڭى كەلگەن شاگىرت ياكى ئەزانى تەربىيىلەش ئۈچۈن كونا شاگىرت ياكى كونا ئەزاغا تۇتۇپ بېرىشىنىڭ جايىزلىقى.

ئون ئىككىنچى، دۈشمەن تۇرۇۋاتقان جاينى ياخشى بىلىدىغان ئىشەنچلىك يول باشلىغۇچىنى تېپىش — جەڭدە غەلىبە قىلىشقا سەۋەب بولىدىغان مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى ئىكەنلىكى.

ئون ئۈچىنچى، مۇسۇلمانلار ئۆزىنىڭ دىنىغا، بولۇپمۇ جىھاد ئىبادىتىگە قايتسا، دۈشمەنلەرنىڭ قەلبىگە قورقۇنچ تاشلاش ھەر زاماندىكى ئىسلام ئۈممىتىگە ئورتاق ئىكەنلىكى.

## بوھران غازىتى

بۇ غازات ھىجرىيە 3- يىلى رەبىيئۇل ئاخىر ئېيى (يەنى مىلادىيە 621- يىلى 10- ئاي)دا يۈز بەرگەن بولۇپ، بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، بەنى سۇلەيم قەبىلىسىدىن زور بىر تۈركۈم كىشىلەر مۇسۇلمانلارغا قارشى بوھران (مەككىگە يېقىن بىر رايوننىڭ ئىسمى) دېگەن جايدا توپلاندى. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ ﷺ 300 نەپەر مۇجاھىدتىن تەشكىللەنگەن بىر قوشۇننى باشلاپ بوھران دېگەن جايغا كېلىپ، رەبىيئۇل ئاخىر ۋە جۇمادىيەل ئەۋۋەل ئېيىدا ئىككى ئاي تۇرۇپ، ئاندىن ھېچبىر تالاپەت تارتماستىن مەدىنىگە قايتىپ كەلدى.

## زەيد ئىبنى ھارىسە رضي الله عنه باشچىلىقىدا قوشۇن ئەۋەتىش

بۇ ۋەقە ھىجرىيە 3- يىلى جۇمادىيەل ئاخىر ئېيى (يەنى مىلادىيە 624- يىلى 11- ئاي)دا يۈز بەرگەن بولۇپ، بۇ ئۇھۇد غازىتىدىن ئىلگىرى مۇسۇلمانلار ئېلىپ بارغان ئەڭ ئاخىرقى ۋە ئەڭ ئۇتۇقلۇق بىر ھەربىي يۈرۈش بولدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ گە يەتكەن خەۋەردە، قۇرەيش كارۋىنى سەفۋان ئىبنى ئۇمەييە رەھبەرلىكىدە ئىراق تەرەپكە يول ئالغان. بۇ يول ئىنتايىن ئۇزۇن بولۇپ، نەجدتىن شامغىچە سوزۇلۇپ مەدىنىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى مەدىنىگە يىراق بىر جايدىن كېسىپ ئۆتەتتى. قۇرەيش بۇ يولنى پۇتۇنلەي بىلىپ بولالمايتتى شۇڭا ئەسۋەد ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىب سەفۋانغا بەكر ئىبنى ۋائىل قەبىلىسىدىكى فۇرات ئىبنى ھەييانى يول باشلىغۇچى ۋە سەپەر يېتەكچىسى قىلىش مەسلىھەتىنى بەردى.

رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇچۇر كەلگەن ھامان زەيد ئىبنى ھارىسە رضي الله عنه قوماندانلىقىدا 100 ئاتلىق مۇجاھىد گۇرۇپپىنى يولغا سالدى. زەيد ئىنتايىن ئالدىرىغان ھالدا كارۋانغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى. كارۋان نەجد زېمىنىدىكى قەردە ناملىق قۇدۇقنىڭ يېنىغا چۈشكەن ئىدى. زەيد كارۋاننى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، سەفۋان ۋە ئۇنىڭ كارۋاننى قوغدايدىغان ياردەمچىلىرى ھېچبىر قارشىلىقسىزلا قېچىشتى. مۇسۇلمانلار سەپەر يېتەكچىسى فۇرات ئىبنى ھەييانى ئەسىرگە ئالدى ھەمدە نۇرغۇن قاچا-قۇچا ۋە يۈزمىڭچە كۈمۈشلەرنى غەنىيمەت ئالدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ بۇ غەنىيمەتلەرنىڭ بەشتىن بىرىنى ئېلىپ قالغاندىن كېيىن قالغانلىرىنى قوشۇننىڭ ئەزالىرىغا تەقسىم قىلىپ بەردى. فۇرات ئىبنى ھەييان رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قولىدا مۇسۇلمان بولدى.

### يۇقىرىقىلاردىن ئېلىنىدىغان پايدىلار

بىرىنچى، رەسۇلۇللاھ ﷺ ۋە ئۇنىڭ ئۈممىتىگە الله تەرەپتىن دۈشمەنىنىڭ قەلبىگە قورقۇنچ سېلىش ئارقىلىق ياردەم بېرىلىدىغانلىقى.

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)



# تارىخقا نەزەر

## قەدىمكى ۋە ھازىرقى زاماندىكى خاۋارىجلار

### ئىككىنچى تېما: مەغرىبتىكى ئىبازىيە دۆلىتى

مەغرىبتىكى ئىبازىيە مەزھىپى ئىخلاسمەن دەۋەتچىلىرىنىڭ قولى ئارقىلىق كەڭ تارقالغان بولۇپ، بۇ دەۋەتچىلەر نۇرغۇن بەربەرلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى. ئۇلار بۇنى پۇرسەت بىلىپ ئىسلامىي خىلاپەتنىڭ پايتەختىگە يېقىن بولغان مەشرىق رايونلىرىدا قوغلىنىپ يۈرگەن مەزھەپلىرىنى كەڭ تارقىتىۋېلىشتى چۈنكى ئۇلار ئۆز مەزھىپىنىڭ داۋاملىشىشى ۋە ئۆز مەزھىپى نامىدا ھاكىمىيەت قۇرۇشلىرى ئۈچۈن، ھاكىمىيەت قۇرىدىغان ئورۇن خىلاپەت كونتروللۇقىدىن يىراق جايدا بولۇشى كېرەك دەپ قاراشقان. شۇ سەۋەبتىن ئۇلار پۈتۈن بەربەر قەبىلىلىرى ئارىسىدىن مەغرىبنى ئەۋزەل بىلگەن شۇڭا خاۋارىجلار مەغرىبتە ئىككى مەزھەپ تىكلىگەن. بىرى، ئىبازىيە مەزھىپى؛ يەنە بىرى بولسا سەفەرىيە مەزھىپى ئىدى. بۇ ئىككى مەزھەپنىڭ ئاستا-ئاستا جانلىنىشىغا سەۋەب بولغان ئامىللاردىن بىرى — ئۇلارنىڭ دەۋىتىنىڭ مۆتىدىل بولغانلىقى. يەنى، ئۇلار تەقىييە (ئېتىقادىنى يوشۇرۇش پرىنسىپى) پەردىسى ئاستىدا ھاكىم-سۇلتانلار بىلەن تىنچ مۇئامىلە قىلىش ۋە كەڭ قورساق بولۇش ئۇسۇلىنى قوللانغان. ئەگەر ئۇلارنىڭ بۇ خىل مۆتىدىللىقى بولمىغان بولسا ئىدى، ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتىمۇ ئەنە شۇ ئىسيانچىلارنىڭ ئاقىۋىتىدەك بولغان بولاتتى.

بەسرە ھەقىقەتەن ئىبازىيە مەزھىپى دەۋەتچىلىرىنىڭ ئاساسىي بازىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، مەغرىپتە كەڭ تارقالغان ئىبازىيە مەزھىپىنىڭ دەۋەتچىلىرى ئۆز دۆلىتىنى قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن ئەنە شۇ بەسرەنى باشلىنىش نۇقتىسى قىلغان. بۇ بازىنىڭ داھىيلىرى مۇشۇ مەزھەپنىڭ ئاۋۋالقى ئۆلىمالىرى ھېسابلىناتتى. بۇ ئۆلىمالار ئىچىدىكى ئەڭ كاتتىسى ئەبۇ ئۇبەيدە مۇسلىم ئىبنى ئەبۇ كەرىمە ئىدى. شۇنداق قىلىپ، بۇ دەۋەتچىلەر شۇ بازىدىن مۇئەييەن ئورۇنلارغا كەڭ تارقىلىشتى ھەتتا خىلاپەتكە قارشى چىققۇچىلارمۇ شۇ دەۋەتچىلەرگە مەسلىھەت سالماي تۇرۇپ قارشى چىقمايتتى.

ھەقىقەتەن سەفەرىيە مەزھىپىمۇ ئىبازىيە مەزھىپى بىلەن بىرگە مەغرىب تەرەپكە يۆتكەلگەن بولۇپ، بەربەرلەر مۇسۇلمان بولغاندىن تارتىپ ئۆز ئىسلامىدا ئىخلاسمەن بولۇپ كەلگەن. ئۇلار ئىسلام ئارمىيىسى كىرگەن پۈتۈن جەڭلەرگە قاتناشقان. خۇددى ئىمام تەبەرى سۆيلىگەندەك، ئۇلار قاچانكى ئادالەت ۋە مېھرىبانلىق مۇئامىلىسىگە ئۇچرىسا، پۈتۈن يۇرتلار ئىچىدە ئەنە شۇلار ئەڭ ئىتائەتچان، ئەڭ تىنچلىقپەرۋەر بولۇپ كەلگەن. بۇ خىل ھالەت ھىشام ئىبنى ئابدۇلمەلىكنىڭ دەۋرىگىچە داۋاملاشقان. ئۇلار خەلىپە ھىشامنىڭ ۋالىيلىرى تەرىپىدىن زۇلۇمنى ھېس قىلىشقان بولۇپ، ئەڭ بەك زۇلۇم قىلغان كىشى ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى ھەببھاب ئىدى. ئۇنىڭ كۆپىنچە ۋاقتى مال-دۇنيا ۋە ئاسارە-ئەتىقىلەرنى توپلاش ھەمدە بۇ نەرسىلەرنى خەلىپىنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن دەمەشىققە يوللاپ بېرىش بىلەن ئۆتكەن ئىدى. بەربەرلەر يولۇققان مانا بۇ ئىمتىھان خاۋارىج دەۋەتچىلىرىنىڭ بەربەرلەر ئارىسىدا بارلىققا كېلىش ۋاقتىغا توغرا كەلگەن بولۇپ، بۇ دەۋەتچىلەر شۇ بەربەرلەرنى ئۇمەييە خەلىپىلىكىگە قارشى چىقىشقا دەۋەت قىلغان. ئۇلار بۇ دەۋىتىگە ئۇمەييە ۋالىيلىرىنىڭ زۇلۇملىرىنى سۈيىئىستېمال قىلغان لېكىن بەربەرلەر ئۇلارنىڭ دەۋىتىگە ئاۋاز قوشقىلى ئۇنىمىغان چۈنكى ئۇلار شۇ خاۋارىج دەۋەتچىلەرگە: «خەلىپە ھەرگىزمۇ زالىم ئەمەس، بۇ يەردە زۇلۇم قىلىۋاتقىنى بىزنىڭ ئۈستىمىزدىكى ۋالىيلار» دەپ خاۋارىجلارغا چۈشەنچە بەرگەن. خاۋارىج دەۋەتچىلىرى ئۇلارغا: «بۇ زالىم ۋالىيلارنى خەلىپە ھىشام قەستەن ئەۋەتكەن شۇڭا ۋالىيلارلا زالىم ئەمەس بەلكى خەلىپىمۇ زالىم» دەپ شۇبھە تاشلىغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە خەلىپە ھىشامنىڭ بىر قىسىم نۇقسانلىق تەرەپلىرى بەربەرلەرنىڭ كۆڭلىدىكى شۇبھىلەرنى تېخىمۇ ئۇلغايتىۋەتكەن، نەتىجىدە بۇ بەربەرلەر ئۇمەييە خەلىپىلىكىگە ئۆكتە قوپۇپ، ئۇمەييە خەلىپىلىكىنىڭ يىقىلىپ ئۇنىڭ ئورنىغا ئابباسىيە خەلىپىلىكىنىڭ تىكلىنىشىگە ئۆزلىرى تۇيماستىن سەۋەبچى بولۇپ قالغان. كېيىن بۇلار ئابباسىيە خەلىپىلىكى بىلەن قارشىلىشىپ، تارابلۇسنى پايتەخت قىلغان ئەبۇ ئابباس ھاكىملىقىدىكى ئىبازىيە دۆلىتىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. ئەبۇلخەتتابتىن كېيىن ئەبۇ ئابدۇراھمان رۇستىمىي رۇستىمىيلار دۆلىتىنى قۇرغان. بۇ ئىبازىيە خاۋارىجلىرى دۆلىتى ھىجرىيە 296- يىلى يىقىلغان بولۇپ، جەمئىي 125 يىل ئەتراپىدا ھۆكۈم سۈرگەن.

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)





# پايدىلىنىش بىلىملىرى

(چاتما ماتېرىياللار)



## ئافغانىستان ۋاخان كارىدورىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

ۋاخان دەرياسى مۇزلۇقلاردىن ئېقىپ چۈشكەن مۇز سۇلىرىدىن شەكىللەنگەن. بۇ يەردىكى چوققىلار ۋە ئۆتۈشمىلەرنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 5000 — 6500 مېتىرغىچە كېلىدۇ. كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان تاقىر تاشلار كۆپ قىسىم ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۆسۈشىگە مەنپەئەتسىز. ھەتتاكى ھاۋاسى نەم بولغان پامىر رايونلىرىدىمۇ دەل-دەرەخلەر يوق بىراق بۇ يەردىكى ئوت-چۆپلەر ھايۋانلار توپى ئۈچۈن كۆڭۈلدىكىدەك يەم-خەشەكنىڭ رولىنى ئوينايدۇ. ساياھەت ۋە تەكشۈرۈش پەقەت يەر شەكلى تۆۋەن بولغان رايونلاردىلا ئېلىپ بېرىلىدۇ. بەزى يەرلەردىكى زىيادە سۇلار بولسا باشنى ئاغرىتىدىغان بىر مەسىلىدۇر. مەسىلەن، ۋاغجىر بىلەن بوزويگۇمبەز ئارىسىدىكى يەر شەكلى تۆۋەن بولغان 16 كىلومېتىرلىق ئورۇن.

لەڭگەر رايونىنىڭ غەرب تەرىپى، يەنى، كارىدورنىڭ جەنۇبىي چېگراسى خۇددى شەرق تەرىپىگە ئوخشاش ئېگىز تاغ تىزمىلىرىغا تۇتىشىدۇ بىراق شىمالىي چېگراسى سۇلۇقلارغا تۇتىشىدۇ. لەڭگەرنىڭ شەرق تەرىپى كارىدورنىڭ ئەڭ چوڭ كەڭلىك رايونلىرى بىلەن سەھتالەھ (Seh Taleh) تاغ تىزمىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ رايونلار ئاساسەن شەرقىي شىمال ۋە غەربىي جەنۇب رايونلاردىكى تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلمىغان چوققىلاردۇر. بۇ چوققىلارنىڭ شەرق تەرىپىدىكى ئاخىرقى نۇقتىسى ئەڭ ئېگىز بولۇپ، غەرب تەرەپكە بارا-بارا تۆۋەنلەپ سوزۇلىدۇ. بۇ ئىسمى يوق ئېگىزلىكنىڭ تەخمىنەن 5 كىلومېتىر شەرق تەرىپى ۋارام ئۆتۈشمىسىدۇر (بۇ يەرنىڭ كوئوردىناتى: شىمالىي كەڭلىك 37°14′، شەرقىي ئۇزۇنلۇق 73°49′). بۇ يەردە بىر يول بار بولۇپ، بۇ يول ئارقىلىق لەڭگەردىن تاجىكىستان چېگراسىدىكى سارىقۇل كۆلىگە بارغىلى بولىدۇ. گەرچە كۆپلىگەن ساياھەتچىلەر قىيىنچىلىقلاردىن قورقماي سارىقۇل كۆلىنىڭ غەرب ۋە شەرق تەرىپىدىكى چوڭ پامىردىن ماڭسىمۇ لېكىن مۇتلەق كۆپ قىسىم ساياھەتچىلەرنىڭ ئافغانىستان، شەرقىي تۈركىستان ۋە ھىندىستان ئارىسىدا يولى بار شۇڭا ئۇلار ۋاخان ۋە پامىردىن پايدىلىنىدۇ.

بروغىل ئۆتۈشمىسى بۇ گىرۋەلەشمە تاغلارنىڭ جەنۇبىي گىرۋىكىگە توغرا كېلىدىغان ئەڭ تۆۋەن ئۆتۈش نۇقتىسىدۇر. بۇ ئۆتۈشمە ۋاخان دەرياسىنىڭ بىر مىل شەرقىدىكى ۋاخان دەرياسىنىڭ ۋارسىڭ (Warsing) دەرياسى بىلەن قوشۇلۇش نۇقتىسىدىن ئۆتىدۇ. ۋاخان دەرياسى ۋارسىڭ دەرياسى جىلغىسىنى غەربىي شىمال يۆنىلىشتە كېسىپ ئۆتىدۇ. دەرياغا ياناداش بولغان يول قوشۇلۇش نۇقتىسىنىڭ غەرب تەرىپىدە ۋاخجىر دەرياسىنى، تۆزلەڭلىكنى ۋە ۋارسىڭ جىلغىسىدىكى سازلىقنى كېسىپ ئۆتۈپ، ئېگىزلىكلەرنىڭ باشلىنىش نۇقتىسىغا بارغىچە تەخمىنەن 5 كىلومېتىر داۋاملىشىدۇ. بروغىل ئۆتۈشمىسىدىن ئىلگىرى غەربىي جەنۇب تەرەپكە قوي ئۆتكۈزۈلۈپ، پاكىستاننىڭ چاترال رايونىدا شېكەر، چاي ۋە كېيىم-كېچەككە ئالماشتۇرۇلغان ئىدى.

بروغىل ئۆتۈشمىسىنىڭ 7 كىلومېتىر شەرقىدە دەرۋازا ئەن ئۆتۈشمىسى بار.

سەرھەد بىلەن بروغىل ئۆتۈشمىسىنىڭ ئارىلىقىدا ئىشلىتىلىۋاتقان ئۈچ ئۆتۈشمە بار بولۇپ، ئۇلار كانخۇن، ئوچھىلى ۋە شاھئۇلۇغ ئۆتۈشمىلىرىدۇر. بۇلارنىڭ ھەممىسى چاترالغا ئۆتىدىغان ئۆتۈشمىلەردۇر. شاھئۇلۇغ ئۆتۈشمىسى غەرب تەرەپكە ئۆتىدىغان ئاناشاھ ۋە شەرق تەرەپكە ئۆتىدىغان ئوچھىلى ئۆتۈشمىلىرىگە سېلىشتۇرغاندا ئەڭ ئاسان ئۆتۈشمىدۇر.

قەلئەيىپەنجىدىن ئىشكەشىمگىچە بولغان تۆۋەنكى كارىدور رايونى ئېگىز مەھەللىلەر بىلەن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ يەرلەردىكى كەلكۈن سۈيى شەكىللەندۈرگەن ئورۇنلار بىر قانچە مېتىردىن تارتىپ 2 كىلومېتىرغىچە كەڭلىكتە بولۇپ، بۇ ئورۇنلار بۇ رايونلارنى تەكشۈرۈشكە قولايلىق شارائىت ھازىرلاپ بېرىدۇ. كارىدورنىڭ بۇ قىسمىدا ئەتراپتىكى تاغلار 3000 — 5000 مېتىرغىچە ئېگىزلىكتە بولۇپ، تەكشۈرگۈچىلەر ئۆزلىرىنى خۇددى «قۇتىنىڭ ئىچى»دىكىدەك ھېس قىلىدۇ.

قەلئەيىپەنج كارىدورنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا توغرا كېلىدۇ، بۇ يەردە ئامۇ دەرياسىنىڭ ئىككى تارماق ئېقىنى ئۇچرىشىدۇ.

تاجىكىستان ئىشكەشىمى ئافغان ئىشكەشىمى ئارقىلىق پەنج دەرياسىنى كېسىپ ئۆتىدۇ. شىمال تەرەپتىكى تاجىكىستان يولى ئافغان يولىغا ئوخشاش دەريا بىلەن ياندىشىدۇ. بۇ قىسىمدا جەنۇب تەرەپتىكى تامىسمان رايونلارنى كېسىپ ئۆتىدىغان ئۈچ ئۆتۈشمە بار بولۇپ، ئۇلار پوۋكوۋى (Powkowy)نىڭ جەنۇبىدىكى ئاناشاھ ئۆتۈشمىسى، شكاۋىر (Shkhawr)نىڭ جەنۇبىدىكى كوتگاز ۋە ئىشتىراغ (Ishtragh)نىڭ جەنۇبىدىكى قازىدەھ ئۆتۈشمىلىرىدۇر. كارىدور ئېغىزىنىڭ غەرب تەرىپىدە، زىباكقا يېقىن ئورۇنلاردا يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە ئالتە ئۆتۈشمە بار.

ئىشكەشىمنىڭ شىمالىدىكى پەنج دەرياسىنىڭ ئەگمىلىرىدىكى تالوقان (Taloqan) يولى دەپ ئاتالغان يول ھەققىدە مەلۇماتلار ئاساسەن يوق دېيەرلىك. ئەلۋەتتە بۇ يول مۇنتىزىم يول ئەمەس ۋە بەك ئېگىز-پەس، بۇ يولنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى تەخمىنەن 3000 — 5000 مېتىرغىچە كېلىدۇ. تاغ يانباغىرلىرى بەك تىك بولۇپ، دەل-دەرەخلەرنىڭ ئۆسۈشىگە پەقەت مۇۋاپىق كەلمەيدۇ. بۇ يەردىكى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئورۇنلىنىش ئەھۋالى مۇنداق:

دەرەخلەر تۆۋەن ۋە نەم تۈزلەڭلىكلەردە، ئوت-چۆپلەر نەم يانباغىرلاردا، ئالپىس تىپىغى ئۆسۈملۈكلىرى بۇلارنىڭمۇ يۇقىرىسىدا. قارلىق يەرلەرنىڭ ئاستى تەرەپلىرى ئاساسەن ئېرىش ئىمكانىيىتى يوق توسالغان جايلاردۇر. بۇ يەرلەر كارىدورغا سېلىشتۇرغاندا تەكشۈرگۈچىلەر كەلمەيدىغان رايونلار ھېسابلىنىدۇ.

فەيزابادنىڭ شىمالىدىكى بارلىق تەكشۈرۈش ياكى ساياھەت ئاساسەن پىيادە ياكى ئاتلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ. مەركىزىي تاغ تۆپى پەنج دەرياسىنى بويلاپ مېڭىشنى (گەرچە بۇنداق قىلىش قىيىن بولسىمۇ) تاغلاردىن ھالقىپ ئۆتۈشكە قارىغاندا ئاسان قىلىپ قويغان. بۇ دەريانىڭ ئېقىنى تۆۋەنگە چۈشكەنسېرى قىزىلسۇ (بۇ شەرقىي تۈركىستاندىكى قىزىلسۇ دەرياسى ئەمەس) بىلەن قوشۇلىدۇ. دەريا ئېقىنىنىڭ داۋامى تىك تاغلار ئۈستىدىكى جىلغىلاردىن ئۆتىدۇ ئەمما بۇ جىلغىلارنىڭ كەلكۈن سۈيى شەكىللەندۈرگەن ئورۇنلىرى يوق. بەزى يەرلەردە بۇ جىلغا خۇددى بىر قانچە يىللىق يېرىق يەرلەرگە ئوخشايدۇ.

ئېگىز ۋە يەر شەكلى تۈز بولمىغان تاغلىقتا تۆت پەسىلدە توختىماي ئاقىدىغان ئېرىقلار ۋە تېز ئېقىنلار بار. ئېنىقكى كارىدوردا تاغلىقلار بار شۇڭا بۇ يەرلەردە يەر ئۈستى سۈيى ناھايىتى مول بىراق ئەگرى-بوگرى كەتكەن تۆزلەڭلىكلەردە ئاساسەن يەر ئۈستى سۈيى يوق. بولۇپمۇ يازدا ئېرىگەن سۇلار كېلىپ پامىرنى نەم، ھەتتا سۇلۇق قىلىۋېتىدۇ. چاقماقتىن كۆلى يەر شەكلى چوڭقۇر ۋە نەم رايوندۇر. سارىقۇل كۆلى 20 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ۋە 2 — 5 كىلومېتىرغىچە كەڭلىكتىكى كۆلدۇر. بۇ كۆلنىڭ يەر يۈزىدە سۇ چىقىرىش ئېغىزى يوق بىراق سۇ بۇ كۆلدىن غەرب تەرەپكە سىرغىپ چىقىدۇ. ئىشكەشىمنىڭ شىمال تەرىپى مۇزلۇق شىۋېھ (Shiveh) كۆلىدۇر. كۆل شەرققە قاراپ پەنج دەرياسىغا ئاقىدۇ. بۇ كۆل يىلنىڭ تۆتتىن ئۈچ قىسمىدا مۇز تۇتقان ھالەتتە تۇرىدۇ.

ۋاخان كارىدورىدا باھار ۋە يازنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرى سۇ كۆپ بولغان پەسىل ھېسابلىنىدۇ، يازنىڭ ئاخىرلىرى ۋە قىش پەسىللىرى سۇ ئاز ۋاقىت ھېسابلىنىدۇ. تەكشۈرۈش ۋە ساياھەت قىلىش 5- ۋە 7- ئايلاردا توسالغۇغا ئۇچرايدۇ. ساياھەتنىڭ ئەڭ كۆڭۈلدىكىدەك ۋاقتى 9- ئاي ھېسابلىنىدۇ. بۇ ۋاقىتتا يەر يۈزىدە سۇ ئاز ۋە قاتتىق سوغۇق بولىدىغان قىش پەسلى تېخى يېتىپ كەلمەيدۇ.

رۇس جىھادى ۋاقتىدا ۋاخان رايونىدا ئەمەلىي جەڭ بولمىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ئەتراپتا مىنا رايونى يوق ئەمما سوۋېتنىڭ ھەربىي بازىسى ئەتراپىدىكى توسۇق سىملار، تاشلىۋېتىلگەن تۆكىلار ۋە بەزى ئەخلەتلەرنىڭ يەرلىك كىشىلەرگە پايدىسى بار بولۇپ، ئەخلەتلەرنى كىشىلەر ئۆيلىرىگە قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى سۈپىتىدە، سىملارنى تېلېفون سىمى سۈپىتىدە ئىشلىتىدۇ.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، ۋاخان ۋە پامىر رايونى ئۇرۇشنىڭ ۋەيرانچىلىقىدىن ئامان قالغان بىراق بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ قوراللارغا ئېرىشىشى قىيىنغا توختىمىدى. ئىلگىرى ئۇلار مۇشكۇش دەپ ئاتىلىدىغان 0.22 تىپلىق مىلتىقنى ئىشلەتكەن بولسىمۇ، ھازىر ئۇلار جەڭنىڭ سەۋەبىدىن AK - 47 گە ئېرىشتى. كارزايى ھۆكۈمىتى قوراللارنى يىغىۋېلىش ھەققىدە ئۇقتۇرۇش ئېلان قىلغاندا ئۇلار قوراللارنى ھۆكۈمەتكە تاپشۇرۇپ بەردى. ۋاخىلار يەنە كارزايى ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆزۈچىلىقنى چەكلەش ھەققىدىكى بۇيرۇقىغا بويسۇندى. ئۇلارنىڭ ھۆكۈمەتكە بويسۇنۇشىنىڭ سەۋەبى — ئاغاخاننىڭ بۇيرۇشىدىن بولغان ئەمما كىشىلەر 45 دوللارغا ئىراندا ياسالغان بىر سەبدانلىق مىلتىق (يەنى بومباكشىن)نى تاپالايدۇ. بۇ قورالنى كىشىلەر ئادەتتە ئوۋچىلىق ئۈچۈن ئىشلىتىدۇ لېكىن قىرغىزلار رايونى ھۆكۈمەتنىڭ نازارەت قىلىش رايونلىرىدىن يىراق بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ رايونلاردىكى قوراللارنىڭ ئەھۋالى ياكى ئوۋچىلىق جەريانىدىن ھۆكۈمەتنىڭ ئانچە خەۋىرى يوق.

بىرىنچى، ۋاخان رايونى بولسا رايوننىڭ ئەڭ غەربىگە جايلاشقان ئىشكەشىمدىكى چېگرا پونكىتى بىلەن شەرقىي تەرەپتىكى ئەڭ ئاخىرقى نۇقتىدىكى قەلئەيىپەنجى يېزىسىنىڭ ئارىلىقىغا جايلاشقان. ۋاخان رايونىنىڭ شىمالىدا پەنج دەرياسىنىڭ قىرغىقىدىكى تار دەريا بۆلىكى رايونلىرى بار، جەنۇبىي تەرىپىدە بولسا ھىندىقۇش تاغلىرىنىڭ يانباغرى تۈمشۇقلىرى جايلاشقان، جەنۇب تەرەپتىن چىققان قۇم-شېغىللىق بوران ۋە كۈچلۈك كەلكۈنلەر بۇ يەردىن ئۆتىدۇ، شەرقتىن غەربكىچە بولغان ئۇزۇنلۇقى 110 كىلومېتىر. تاجىكىستان ۋە پاكىستان ئارىسىدىكى چېگرانىڭ كەڭلىكى 20 كىلومېتىردىن ئازراق ئاشىدۇ. بۇ رايونلارنىڭ ئومۇمىي يەر كۆلىمى 2200 كۋادرات كىلومېتىر. بۇ رايوننىڭ جەنۇبىدىكى تاغلار چېگرالاردىن ئۆتۈشكە ئىمكانىيەت بەرمەيدىغان ئەڭ چوڭ توسالغۇلار بولۇپ، 6000 مېتىردىن ئېگىز تاغ بۆلەكلىرى، ئۇ بۆلەكلەردىكى مۇزلۇقلار ھەمدە چوڭقۇر ۋە تىك تاشلىق جىلغىلار ھەممە يەرنى قاپلىغان. شۇنداق بولسىمۇ بەزى ۋاقىتلاردا پاكىستاننىڭ چاترال رايونىغا ئۆتۈشكە ئىمكانىيەت بار.

دەريا بويىدا ياشايدىغان يېزىلىقلار جەنۇبتىكى بۇ جىلغىلارنى ياز ۋاقىتلىرى ماللىرىنى بېقىش ئۈچۈن ئىشلىتىدۇ. بۇ يەر يەنە تاغدىكى ياۋا ئۆچكە قاتارلىق تۇياقلىق ھايۋانلارنىڭ ۋە ئۇلارنى ئوۋلاپ ياشايدىغان قار يىلپىزى، بۆرە قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ ماكانىدۇر. بۇ يەردە يەنە قىزىل تۈلكە، مولۇن، ھەر خىل ياۋا مۈشۈكلەر، قۇندۇز ۋە ئۇلارنىڭ ئوۋلىرىدىن بولغان ياۋا توشقان، سۇغۇر، تاش توشقىنى ۋە ئۇلاردىن باشقا غاجىلىغۇچى ھايۋانلارمۇ بار.

ئىشكەشىم ۋە قەلئەيىپەنجىنىڭ ئارىسىدىكى دەريا بۆلىكىدە 18 ياكى 19 نۇقتىدا ئوخشىمىغان چوڭلۇقتىكى دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق ئاھالىلەر رايونلىرى بار بولۇپ، بۇ رايونلارغا يەرلىك ۋاخان تىلىدا سۆزلىشىدىغان كىشىلەر ئورۇنلاشقان. ئۇلار ئىسمائىلىيە مەزھىپىگە تەۋە بولۇپ، ئاغاخاننىڭ ئەگەشكۈچىلىرىدۇر. ئۇلۇسۋال (يەنى ناھىيە مەركىزى) ئورنى خاندۇد يېزىسىدا بولۇپ، خاندۇد يېزىسى قەلئەيىپەنجىگە بارىدىغان ئومۇمىي يولنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىدىكى ئورۇنغا توغرا كېلىدۇ. قەلئەيىپەنجە بولسا سەييىد جەمەتىنىڭ ئەنئەنىۋى ئولتۇراق ماكانى بولۇپ، ئۇلارنىڭ رەھبىرى بولسا ئىسمائىلىيە مەزھىپىنىڭ دىنىي رەھبىرى ۋە ۋاخان رايونىنىڭ «شاھى»دۇر. ۋاخانلىقلار ئاساسلىقى دېھقانلار ۋە چارۋىچىلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ كالىلىرى، قويلىرى، ئۆچكىلىرى، پامىر تەرەپكىرەك بارغاندا قوتازلىرى ۋە قوش لوكىلىق تۆگىلىرى بار. ئۇلار بۇغداي، ئارپا، تېرىق قاتارلىق زىرائەتلەر بىلەن نۆۋەتلەشتۈرۈپ پۇرچاق ۋە نوقۇت تۈرىدىكى ئۆسۈملۈكلەرنى تېرىيدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ كىچىك تېرىلغۇ يەرلىرى بار. بۇ زىرائەتلەرنىڭ ھەممىسى باھار پەسلىدە تېرىلىدۇ. ئاز ساندا ئۆرۈك ۋە ئالما دەرەخلىرى بار بولۇپ، بۇ رايون بەك ئېگىزلىككە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن مېۋىلىك دەرەخلەرنى ئۆستۈرۈشكە ماس كەلمەيدۇ.

بۇ بۆلەكتە يۇمشاق ئۆسۈملۈكلەر كەڭ تارقالغان چارۋىچىلىق مەيدانلىرى بار بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكلەرنى يەرلىك كىشىلەر چارۋا ماللىرىغا بېرىش ئۈچۈن ئىشلىتىدۇ. بۇ نەم يەرلەردىن پاكار ئۆسۈملۈكلەر، سۆگەت، ياۋا چىلان، يۇلغۇن قاتارلىق ياغاچ غوللۇق ئۆسۈملۈكلەر تېپىلىدۇ. بۇلار تېزەكلەرگە قوشۇمچە قىلىنىپ، يەرلىكلەرنىڭ ئىسسىنىشى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. بەزى يېزىلاردا كىچىك تېرەكلەر بار، بۇلارنى يەرلىك كىشىلەر قۇرۇلۇشتا ئىشلىتىدۇ ياكى ئوتۇن ئورنىدا ساتىدۇ.

بۇ رايون ئۇزۇن مەزگىللىك نامراتلىق، ئاشلىق يېتىشمەسلىك ۋە ئەپيۇنخۇمارلىق قاتارلىقلارغا قوشۇلۇپ ناچار يېمەكلىك ئۆلچىمى، ناچار ھاۋا كېلىماتى ۋە سىرتقى دۇنيا بىلەن ئايرىلىپ قېلىشتىن ئىبارەت قىيىنچىلىقلار بىلەن تونۇلغان.

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)